# يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈندىن 26 ـ كۈنگىچە، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى، باش شۇجى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان شىنجاڭ خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلەپ، ھازىر شىنجاڭ خىزمىتى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ مەزمۇنى يۈكسەك، ئىدىيەسى چوڭقۇر، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول، كۈچلۈك سىياسىيلىككە، ئىدىيەۋىلىككە، نەزەرىيەۋىلىككە ئىگە بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پروگراما خاراكتېرلىك ھۆججەت.

2014 ـ يىلىدىكى 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ جاپالىق تىرىشىشى ئارقىلىق، شىنجاڭ خىزمىتىدە مۇھىم، زور نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سىجىل ياخشىلاندى، خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، مەركەزنىڭ قوللىشى ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش سالمىقى ئۈزلۈكسىز ئاشتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ، ئەبەدىي ئەمىنلىككە يۈرۈش قىلىشقا پۇختا ئاساس سېلىندى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا بۇنىڭغا شىنجاڭدىكى 25 مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئەجرى مۇجەسسەملەنگەن.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇش ۋە ئىگىلەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى شەكىللەندۈردى، شىنجاڭ خىزمىتىگە ئىستراتېگىيە جەھەتتىن قاراش ۋە ئۇنى پىلانلاشتا چىڭ تۇردى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانى قىلىشتا چىڭ تۇردى، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇردى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇشتا چىڭ تۇردى، دۆلىتىمىزنىڭ دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇردى، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ۋە يېتىلدۈرۈشتە چىڭ تۇردى، خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇردى، پارتىيەنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇردى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى تامامەن توغرا، جەزمەن ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش كېرەك. پۈتۈن پارتىيە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى بىر تۈرلۈك سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى ساقلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ھازىر، دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى تېز سۈرئەتتە ئۆزگەرمەكتە، دۆلەت ئىچىدىكى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسى مۈشكۈل، ئېغىر، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئاساسىدا ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايدۇ. شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنى پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدە تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا چۈشىنىپ ۋە ئۇنىڭدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى برتۇتاش پىلانلاپ، ھازىر ۋە يىراق كەلگۈسىنى ئىگىلەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قەتئىي تەۋرەنمەي ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكتىن ئىبارەت بۇ شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپىنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىنى يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

«گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلىپ، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش» شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ گۈزەل ئارزۇ ـ ئىستىكى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. بۈگۈنكى شىنجاڭدا، بىپايان تارىم ئويمانلىقىدىن ئېگىز ئالتاي تېغىغىچە، ھەيۋەتلىك پامىر ئېگىزلىكىدىن مۇنبەت تۇرپان ئويمانلىقىغىچە، ھەممە جاي جۇشقۇن ئۈمىدكە تولدى. يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىشتا، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكى بار، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بار، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، قوللىشى بار، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلىشى بار، بىز چوقۇم ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشىنىڭ سەلتەنەتلىك سەھىپىسىنى يېزالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك كۆزىتىشى 32 جاي ۋە ئورۇننىڭ پارتىيە تەشكىلاتىغا قارىتا دائىملىق كۆزىتىشنى قانات يايدۇردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك كۆزىتىشى بېيجىڭ شەھىرى، تيەنجىن شەھىرى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى، جىلىن ئۆلكىسى، شاڭخەي شەھىرى، جېجياڭ ئۆلكىسى، ئەنخۇي ئۆلكىسى، جياڭشى ئۆلكىسى، خۇبېي ئۆلكىسى، گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى، چۇڭچىڭ شەھىرى، يۈننەن ئۆلكىسى، شىزاڭ ئاپتونوم رايونى، شەنشى ئۆلكىسى، گەنسۇ ئۆلكىسى، چىڭخەي ئۆلكىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئورگىنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى، مالىيە مىنىستىرلىقى، سۇچىلىق مىنىستىرلىقى، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا مىنىستىرلىقى، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى، ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش مەھكىمىسى، دۆلەت داۋالىنىش كاپالىتى ئىدارىسى، دۆلەت كۆچمەنلەرنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، دۆلەت جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى، جۇڭگو خەلقئارا سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش كومىتېتى، جۇڭگو مېيىپلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق 32 جاي، ئورۇننىڭ پارتىيە تەشكىلاتىغا قارىتا دائىملىق كۆزىتىشنى قانات يايدۇردى. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۆزىتىش خىزمىتى نىزامى»دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، 6 ـ نۆۋەتلىك كۆزىتىشكە چېتىشلىق بولغان چاڭچۇن، خاڭجۇ، نىڭبو، ۋۇخەن، شيەن قاتارلىق بەش مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى كۆزىتىش دائىرىسىگە قوشۇپ كىرگۈزۈلدى.

# بۈگۈن قەھرىمانلار ئۆيگە قايتىپ كەلدى!

□ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى شۇ ياڭ، ۋاڭ ۋېي، مېي چاۋۋېي**

9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى سائەت 11دىن 18 مىنۇت ئۆتكەندە، كورېيە رېنچۈەن ئايروپورتىدىن ئۇچقان جۇڭگونىڭ مەخسۇس ئايروپىلانى شېنياڭ تاۋشەن خەلقئارا ئايروپورتىغا قوندى، ئايروپىلاندا 117 نەپەر پىدائىي قىسىم ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ قالدۇق ئۇستىخىنى بار ئىدى.

ۋەتەندىن 70 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئايرىلغان بۇ قەھرىمانلار ئۆيگە قايتىپ كەلدى!

بۇ، 7 ـ تۈركۈمدە دۆلەتكە قايتۇرۇپ كېلىنگەن كورېيەدىكى پىدائىي قىسىم ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قالدۇق ئۇستىخىنى. بۈگۈن ئۇلارنى توشۇپ ئەكەلگىنى دۆلىتىمىزدە ياسالغان ترانسپورت ـ 20 چوڭ تىپتىكى ترانسپورت ئايروپىلانى.

جۇڭگونىڭ ھاۋا تەۋەلىكىگە كىرگەندىن كېيىن، ئىككى كۈرەشچى ئايروپىلان قوغداپ ئۇچۇپ، ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ خاس مۇراسىمى ئارقىلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارغا ئېھتىرام بىلدۈردى.

كۆپكۆك ئاسماندا كۈچلۈك شامال چىقىپ تۇراتتى، ئايروپىلان توختىتىش مەيدانى ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك بولۇپ، 100 دىن ئارتۇق ھۆرمەت قاراۋۇلى ۋە قوراللىق مۇھاپىزەتچى قەددىنى رۇسلاپ تىك تۇراتتى.

مەخسۇس ئايروپىلان قونغاندىن كېيىن، قوغداپ كەلگەن ئىككى كۈرەشچى ئايروپىلان مەيدان ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى، گۈركىرىگەن ئاۋاز پەلەككە ياڭرىدى. ئايروپىلان توختىتىش مەيدانىدا سۇ دەرۋازىسى شەكىللەندۈرۈلۈپ، قايتىپ كەلگەن پىدائىي قىسىم قەھرىمانلىرىنىڭ روھىغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈلدى.

سائەت 11دىن 54 مىنۇت ئۆتكەندە، ھۆرمەت قاراۋۇللىرى گۈەنگونى مەخسۇس ئايروپىلاننىڭ بۆلمىسىدىن ئاستا يۆتكەپ چىقىپ، قىپقىزىل بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى قىزغۇچ بىنەپشە رەڭلىك گۈەنگونىڭ ئۈستىگە ياپتى.

مۇشۇ دەقىقىدە، قەھرىمانلارنىڭ گۈەنسىي ئاخىرى ۋەتەن تۇپرىقىغا ئېلىپ كېلىندى.

«قېرىنداشلار، سىلەر ئاخىرى قايتىپ كەلدىڭلار!» پىدائىي قىسىمنىڭ 88 ياشلىق پېشقەدەم جەڭچىسى لى ۋېيبونىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى، «ۋەتەن ۋە خەلق سىلەرنى ئۇنتۇپ قالمىدى!»

سائەت 12دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، كۈتۈۋېلىش مۇراسىمى باشلاندى. ھەربىي كاناىچى مۇڭلۇق «سېغىنىش كۈيى»نى ئورۇندىدى، ھۆرمەت قاراۋۇللىرى 117 نەپەر پىدائىي قىسىم ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ گۈەنسىينى قوغداپ، ئاستا قەدەم بىلەن گۈەنگو تىزىلغان رايونغا كەلدى.

قەھرىمانلار ئۆيگە قايتتى، تاغ ـ دەريالار لەرزىگە كەلدى. كىشىلەر ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ گۈەنسىيگە ئۈچ قېتىم تەزىم قىلدى.

مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھۆرمەت قاراۋۇللىرى گۈەنسىينى كۆتۈرۈپ پىدائىي قىسىم ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قالدۇق سۆڭىكىنى قوغداپ يولغا چىقتى. گۈەنسىي سېلىنغان 12 ھەربىي ئاپتوموبىل ساقچى موتوسىكلىتىنىڭ مۇھاپىزىتىدە، ئايروپورتتىن ئاستا ـ ئاستا چىققاندا، پىدائىي قىسىمنىڭ بەش پېشقەدەم ئەسكىرىنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بېرىپ، ئاپتوموبىل ئەترىتى ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان تەرەپكە ئۇزاققىچە قاراپ ئۇزىتىپ قويدى.

بۇ 117 نەپەر ئىنقىلابىي قۇربان 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شېنياڭدىكى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندۇ. ئايروپورتتىن قەبرىستانلىققىچە بولغان 30 نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۇزۇن كوچىدا كۈتۈۋېلىشقا كەلگەن نۇرغۇن شەھەر ئاھالىسى قولغا دۆلەت بايرىقى ئېلىپ جىمجىت ساقلاپ تۇراتتى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېلېكترونلۇق ئېكراندا «ئۇرغۇپ تۇرغان قەھرىمانلىق جاسارىتى ئۇزاققىچە ھەيۋەتلىك ئۆركەشلەپ تۇرىدۇ» «ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەرگە ئېھتىرام بىلدۈرىمىز» قاتارلىق خەتلەر كۆرۈنۈپ، قەھرىمانلارنىڭ ئۆيگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۈتۈۋالدى.

بۇ يىل جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. 2014 ـ يىلىدىن بۇيان، كورېيەدىكى جەمئىي 716 نەپەر پىدائىي قىسىم ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ قالدۇق سۆڭىكى ۋەتەنگە قايتۇرۇپ كېلىندى.

قەھرىمانلارنىڭ گۈەنسىي سېلىنغان ئاپتوموبىل ئايروپورتتىن ئايرىلغاندا، پىدائىي قىسىم ئىنقىلابىي قۇربان جو جىمىننىڭ قىزى، 68 ياشلىق جو جياڭبونىڭ كۆز ياشلىرى بىراقلا ئېتىلىپ چىقتى: «ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش خۇددى ئۆز دادامنى كۈتۈۋالغانغا ئوخشاش، چەكسىز ھاياجانلاندىم. بۈگۈن قەھرىمانلار ئاخىرى ئۆيگە قايتتى!»

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شېنياڭ، 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى پات ئارىدا باشلىنىدىغان تارىخىي پەيتتە، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىپ، ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى شىنجاڭ خىزمىتىنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى، بۇ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى، باش شۇجىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا رىشتە باغلىغان داھىيلىق مېھىر ـ مۇھەببىتىنى تولۇق نامايان قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى. بۇ نازارەتنىڭ پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر يى لىن پۈتۈن نازارەتتىكى پارتىيەلىك كادىرلاردىن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىپ، ئىگىلەپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسى مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش يىغىنىنى ئېچىپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات سىستېمىسىدىكى پارتىيەلىك كادىرلاردىن «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئۆگىنىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، قەلبلەرگە سىڭىشىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى ئورگىنىدىكى مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى كوللېكتىپ ئۆگەندى. ئۆگىنىش ئارقىلىق، كۆپچىلىك يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاچقان 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ مۇھىم، زور رېئال ئەھمىيىتى ۋە چوڭقۇر ـ ئۇزاق تارىخىي ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىدىكى كادىرلار تېلېۋىزىيە، ئانار بۇلۇت سۇپىسى قاتارلىقلار ئارقىلىق 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى. «باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىدە ماركسىزم ھەقىقىتىنىڭ نۇرى جۇلالىنىپ تۇرىدۇ، بۇ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پروگراما خاراكتېرلىك ھۆججەت.» ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى مىللەت خىزمىتى 2 ـ باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى جاڭ باۋجۈەن مۇنداق دېدى: «بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ ئالاقىلىشىشى، ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك».

ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى بىرىنچى ۋاقىتتا بارلىق كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى، كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئۆز خىزمىتىمىزگە بىرلەشتۈرۈپ، پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ كەڭ پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرى بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، پېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىمىز.

9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشنى ئۆتكۈزۈپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ، ئۆگىنىپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، يىغىن روھىنى مىزان قىلىپ، سانجى ئوبلاستىنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى ئىلمىي، دەل جايىدا ياخشى تۈزۈپ چىقىشنى تەكىتلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىكى بارلىق كادىرلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى. بۇ نازارەتنىڭ پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى خۇ كەيجياڭ مۇنداق دېدى: «تەرەققىيات شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنىڭ مۇھىم ئاساسى. بىز چوقۇم سىجىل، چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە ئەمگەك كۆپ جۇغلانغان كەسىپلەردە ئىشقا ئورۇنلىشىش سىغىمچانلىقىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق، سانائەتنىڭ ئاساسىنى كۈچەيتىش، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ۋە تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تېز تۈرتكە بولۇش ئارقىلىق، خاس كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، ئاممىنى كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشقا يېتەكلەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىمىز».

9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ ھەرقايسى باشقارما، ئىشخانىلىرى ھەم قاراشلىق تاموژنىلار ھەر كۈنى تەشكىللەيدىغان ئەتىگەنلىك ئۆگىنىشتە، ھەرقايسى باشقارما، ئىشخانا ھەم قاراشلىق تاموژنا مەسئۇللىرى باشلاپ ئوقۇش شەكلى ئارقىلىق، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى بىرلىكتە ئۆگەندى. ئۈرۈمچى تاموژنىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، تاموژنا باشلىقى دىڭ جىباۋ مۇنداق دېدى: «بىز باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، يېپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تۈرتكە قىلىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋاستىسىنى بېيىتىپ، تاموژنا فۇنكسىيەسىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش قاتلىمىنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنى ئىچكى قۇرۇقلۇقنى ئېچىۋېتىش ۋە چېگرا بويىنى ئېچىۋېتىش ئېگىزلىكى قىلىپ بەرپا قىلىمىز».

بۇ ئىككى كۈندە، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لى شىنخۇا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قايتا ـ قايتا ئۆگەنگەندىن كېيىن مۇنداق بىلدۈردى: مۇھىت ئاسراش خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى داۋاملىق ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئەڭ قاتتىق تەدبىرلەر ئارقىلىق مۇھىت ئاسراشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىپ، گۈزەل شىنجاڭنىڭ ئاسمىنىنى تېخىمۇ كۆك، تاغلىرىنى تېخىمۇ يېشىل، سۈيىنى تېخىمۇ سۈزۈك قىلىمىز.

ئەسلىي تېكىستنى ئۆگىنىش، مېھىر ـ شەپقەتنى سۆزلەش، غەيرەتنى ئۇرغۇتۇش، تەرەققىيات ئۈستىدە توختىلىش... يوپۇغا ناھىيەسىنىڭ يەكشەنبە بازار بازىرى كەلەيماق كەنتىدە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى، كەنت «ئىككى كومىتېت»ى ھەم كەنت ئاھالىلەر ۋەكىللىرى 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى چۆرىدەپ، بىر مەيدان ئالاھىدە ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنىنى قانات يايدۇردى، كەنت ئاھالىسى پاتىگۈل جاڭكەي مۇنداق دېدى: «مۇشۇ يىللاردا كەنتتىكى ئۆزگىرىش شۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردىكى، پەقەت بىز پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭساقلا، تۇرمۇشىمىز چوقۇم تېخىمۇ بەختلىك، گۈزەل بولىدۇ».

**(مۇخبىر جاڭ يەنفاڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار فەن خۇڭبى، ۋاڭ يۈجاۋ، شى شىن، مېھرىنگۈل غوپۇر، ما يىنىڭ، لياڭ لىخۇا، شې خۇيبىيەن، چېن چياڭۋېي، گې يۈجۈن، جەزىرە نېسىپبېك، خەن چىنيەن، سانجى مۇخبىرلار پونكىتىدىن ياڭ خەيجۈن، ئىختىيارىي مۇخبىر گۇ شۆتۈڭ)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)